# 274712 ـ بەك ئۇسساپ كەتكەنلىك ياكى ئاچلىق سەۋەبىدىن روزىنى بۇزىۋېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سوئال**

مەن ئىپتار قىلماستىن شام ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۇخلاپ قىلىپ، ئىپتار قىلماستىن ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئويغاندىم، مەن ئالدىنقى كۈندىن باشلاپ بىر نەرسە يېمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاچلىقتىن ئىڭىزىمنى ئىچىۋەتتىم، بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەققە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزا تۇتۇش بولسا ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق بولغان ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلماننىڭ پەقەت ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇق ياكى روزا تۇتۇشقا قادىر بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەش دېگەندەك سەۋەپلەر بىلەن روزا تۇتۇشقا سەل قارىشى توغرا بولمايدۇ، بەلكى سەۋر قىلىپ ئاللاھ تائالا ياردەم تەلەپ قىلىشى كېرەك بولىدۇ، سالقىنلاش ئۈچۈن بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيسا ۋە ئىڭىزلىرىنى چايقىسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

مۇسۇلمان كۈننى روزا تۇتۇش بىلەن باشلىشى كېرەك، ئەگەر كۈن پاتقۇچە روزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالمىسا، ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇش ياكى ھالىدىن كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇ ۋاقىتتا روزىنى بۇزۇپ ئىپتار قىلسا بولىدۇ، ئۆز خىيالى بويىچە روزىنى بۇزۇپ ئىپتار قىلىشى توغرا بولمايدۇ پەقەت ھەقىقى قىيىنچىلىق يۈزبەرگەندىلا ئاندىن روزىنى بۇزسا بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توغرىسى، بەك ئۇسسۇزلۇق ياكى ئاچلىق ياكى شۇنىڭغا يېقىن بولغان باشقا سەۋەبلەردىن ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشى ياكى كېسەل بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇ ۋاقىتتا ئىپتار قىلىۋەتسە بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ كاپىغا يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۇسسۇزلۇقتىن ئەنسىرەش دېگەنلىك پەقەتلا ئۇسسۇزلۇق بولماستىن بەلكى شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ ھۇشسىزلىنىشى ياكى ئۆزىگە يېتىدىغان كېسەللىك قاتارلىق زىيانلاردىن ئەنسىرەش دېمەكتۇر". ["ئىبنى ئۇسەيمىننىڭ كاپىغا يازغان ئىلاۋىسى"3-توم 124-بەت].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىزنىڭ يارەنلىرىمىز ۋە باشقا ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشىگە بەك ئۇسسۇزلۇق ياكى ئاچلىق يەتسە، بۇنىڭ بىلەن ھاياتىدىن ئەنسىرىسە، گەرچە ئۇ كىشى ئەسلىدە ساغلام ۋە سەپەر قىلمىغان

مۇقىم بولسىمۇ، روزىسىنى بۇزۇپ ئىپتار قىلىشى كېرەك بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى بۇنى ئىسپاتلايدۇ:  وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ ۚ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا  تەرجىمىسى: سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. [سۈرە نىسا 29–ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ  وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ  تەرجىمىسى: ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. [سۈرە بەقەرە 195–ئايەت. "ئەل مەجمۇئ"6–توم 258–بەت].

ئۇ كىشىگە كېسەلگە ئوخشاش كېيىن بۇزۇۋەتكەن روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ.

سىزنىڭ شۇ كۈندىكى روزىڭىزنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ، سىز روزىنى بۇزۇپ ئىپتار قىلىسا توغرا بولىدىغان قېيىنچىلىق ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى روزىنى بۇزغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭ، بۇ ئىشنى قايتا تەكرارلىماڭ. بۇ ھەقتە 65803 -37943ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.